# ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشقا دائىر ئەھكاملار

ئا. مۇھەممەد ئەلى

www·islamyoli·net

پۈتۈن ھەمدۇسانا ئىبادەت قىلىشقا لايىق بولغان ھەق سۇبھەنەھۇ ۋەتائالاغا بولسۇن، پۈتۈن دۇنياغا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئاخىرقى پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمگە ۋە تاكى قىيامەتكە قەدەر ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرگە ئالى ئېھتىرام ۋە سالاملار بولسۇن.

رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشتىن ئىبارەت پەزىلەتلىك سۈننەت ئەمەل بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلاردا تاشلىنىپ قېلىۋاتقانلىقى ھەممىگە ئاياندۇر، مۇسۇلمانلار مەسجىدلەردە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ ئىبادەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتىگە لايىق بولۇشنىڭ ئورنىغا رېستورانلارنىڭ ئايرىم خانىلىرىدا ئولتۇرۇپ ئەيش-ئىشرەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە لايىق بولماقتا، بۇ ئېغىر ئەھۋالغا ئېچىنماي تۇرالمايمىز، شۇڭا بىز بۇ ماقالىمىزدا مۇبارەك رامىزان ئېيى مۇناسىۋىتى بىلەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ بۇ ئالاھىدە سۈننىتىنى ئېھيا قىلىش مەقسىتىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مەخسۇس ئىبادەت ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار بىلەن يېقىندىن تونۇشۇپ چىقىشقا تىرىشىمىز.

## ئېتىكاپنىڭ تەرىپى

ئەرەب تىلىدا ئېتىكاپ دېگەن سۆز: بىر جايدا مۇقىم تۇرۇش، ئۆزىنى بىر جايغا قاماپ تۇرۇش دېگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

ئىسلام شەرىئىتىدە بولسا: جامائەت ناماز ئوقۇلىدىغان مەسجىد-جامەلەردە روزا تۇتقان ھالەتتە مۇقىم تۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

## ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنىڭ ھۆكمى

ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنىڭ ھۆكمى ئادەتتىكى ئەھۋالدا سۈننەتتۇر، چۈنكى بۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان ئىبادەتتۇر، ئەمما ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى نەزىر قىلغان ئەھۋالدا ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ۋاجىب بولىدۇ. سەھىھەيندىكى ھەدىستە: ((پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مەدىنىگە كەلگەندىن تارتىپ تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپتا ئولتۇراتتى)).

ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردىمۇ تونۇلغان بىر ئىبادەت بولۇپ قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: (ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلغا ئۆيۈمنى (يەنى كەبەمنى) تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار، رۇكۇئ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن پاك تۇتۇشنى بۇيرۇدۇق) بەقەرە سۈرىسى 125-ئايەت.

## ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشتىن مەقسەت

ئاللاھ تائالا مېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، دېگەن تۇيغۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا بوش ۋاقىتلاردا پۈتۈنلەي يۈزلىنىش ئارقىلىق دىلنىڭ ساپلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش بولۇپ بۇ ئىبادەت روزا تۇتقان ھالەتتە ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىنسا ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ بىرىدۇر.
بەزى ئالىملار بۇ ئىبادەتكە مۇنداق دەپ مىسال كەلتۈرگەن: "ئېتىكاپتا ئولتۇرغان كىشى خۇددى بىر ھاجەت بىلەن بىرىنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ تۇرىۋالغان كىشىگە ئوخشايدۇ، شۇڭا ئېتىكاپتا ئولتۇرغان كىشى: مېنى مەغپىرەت قىلمىغۇچە بۇ جايدىن زادى كەتمەيمەن، دەيدۇ".
ئېتىكاپتا ئولتۇرغان كىشى تىجارىتىدىن، بالا-چاقىلىرىدىن، ئويۇن-تاماشىلىرىدىن، دوست-يارەنلىرىدىن ئومۇمەن پۈتۈن دۇنيادىن مېھرىنى تولۇق ئۈزۈپ بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھ تائالاغا قۇللۇق ئىزھار قىلىپ، ئاللاھنىڭ بەيتىگە ئۆزىنى قاماپ ھەممە ۋاقتىنى ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا تۇرۇپ زىكىر-تىلاۋەت، تەسبىھ ۋە نەفلە ئىبادەتلەرنى قىلىش ئارقىلىق جانابى ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى، پەزلى ۋە رەھمىتىگە لايىق بولىدۇ، بىر مۇددەت شۇنداق روھانىي پەيتلەرنىڭ پەيزىنى سۈرگەن، ياراتقان پەرۋەردىگارغا قۇللۇق قىلىش تەمىنى تېتىغان كىشى ئېتىكاپتىن چىققاندىن كېيىن دۇنياغا بېرىلىش، پۇل-مەنپەئەتكە ئۆزىنى ئۇرۇش، ۋىجدانسىزلىق قىلىش، ئومۇمەن ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش قاتارلىق پەس ئىشلارغا ئاسانلىقچە يېقىن يولاپ قالمايدۇ، ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چاغلاردىكى گۈزەل تۇيغۇ، ئىيمانىي كەيپىياتلار ئۇنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىگە ئۆي ئىزلارنى قالدۇرىدۇ.
ئېتىكاپتا ئولتۇرغان كىشى ھاياتىدا ئادەتلەنگەن بارلىق ئوسال ۋە نەپسانىي ئادەتلىرىنى تولۇق تاشلاپ ئادەت قۇللۇقىدىن ئازات بولۇپ ئىبادەتنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ، ئۇنداق ناچار ئادەتلەرنى قىلمايمۇ ياشىغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ، جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدا بولۇۋاتقان كىبىر، مەنمەنچىلىك، داڭۋازلىق، كۆز-كۆز قىلىش، شۆھرەتپەرەسلىك، ھىيلە-نەيرەڭۋازلىق، پەسكەشچىلىك، مۇناپىقلىق، خائىنلىق، كەيپ-ساپا، رىقابەت، ساختىپەزلىك، رىياخورلۇق، پىخسىقلىق، ئاداۋەت-زىددىيەت ۋەھاكازالارنىڭ ھەممىسىنىڭ قەدىرسىز ئەخمىقانە ئىشلار ئىكەنلىكىنى، ھەقىقىي بەسلىشىش دېگەن تائەت-ئىبادەتلەرنى، سالىھ ئەمەللەرنى قىلىشتا، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە رىزۋانىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىشتا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ.
بىر بەندە ياراتقان ئىگىسىنىڭ بەيتى بولغان مەسجىدكە مېھمان بولۇپ چۈشۈپ پۈتۈن بارلىقى بىلەن ئىگىسىگە بەندىچىلىك ئىزھار قىلسا پەزلى-كەرەمى چەكسىز، ئىلتىپاتى ھەدسىز، رەھمىتى ھەممە نەرسىنى قاپلىغان غەفۇر، رەھىم ئاللاھ ئۇ بەندىسىنى قۇرۇق ئۇزۇتۇپ قويارمۇ؟ ئۇنى چوقۇم ئوتتىن ئازات قىلىپلا ئۇزاتماستىن، پۈتۈن تىلىگىنىنى بېرىپ، جەننەتتىن ئورۇن بېرىپلا ئەمەس بەلكى جەننەتتىن يۇقىرى مەرتىۋە-ماقام بېرىپ ئۇزۇتىشى تۇرغانلا گەپ.

## ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشتىن قولغا كېلىدىغان مېۋىلەر

ئېتىكاپتا نۇرغۇنلىغان ھېكمەت ۋە سىرلار شۇنداقلا خاسىيەتلەر باردۇر، ئۇنداق بولۇشتا ئىنساننىڭ بارلىق ئەمەللىرى دىلىغا باغلىقتۇر، ئىنساننىڭ دىلىنى پايدىسىز ئىشلار ئىگەللەپ مەشغۇل قىلىپ ئۇنى ئاللاھ تائالاغا تولۇق يۈزلىنىشتىن توسۇپ قويىدۇ، ئويۇن-تاماشا، خۇتۇن بالا-چاقىلار، رېستۇران زىياپەتلىرى، بىھۇدە گەپ سوقۇپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇش، بىكارتەلەپ قىلىۋېتىدىغان ئاغىنە-بۇرادەرلەر قاتارلىق جەھەتلەردە مەشغۇل بولۇش دىلنىڭ دىققىتىنى چېچىۋېتىدۇ، دىلنى ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ئويلاشتىن مەھرۇم قىلىپ قويىدۇ، غەپلەتكە سالىدۇ، ئىنسان ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ئارقىلىق بۇ نەرسىلەرنىڭ قامال قىلىۋېلىشىدىن خالاس بولىدۇ.
دېمەك ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشتىن يىغىۋالىدىغان مېۋىلەرنى مۇنداق خۇلاسىلەشكە بولىدۇ:

1-قەدىر كېچىسىنى كۆزلەش. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئاساسەن قەدىر كېچىسىنى كۆزلەپ ئېتىكاپ قىلغاندۇر.

2-ئىنسانلاردىن ئۈزۈلۈپ ئاللاھ تائالا بىلەن ئۈنسى-ئۈلپەت پەيدا قىلىش.

3-دىلنى، قەلبنى ئاللاھ تائالاغا تولۇق يۈزلەندۈرۈش بىلەن قىلىپ تۈزەش.

4-ساپ تائەت-ئىبادەت بىلەنلا مەشغۇل بولۇش.

5-روزىنى ئۇنىڭغا تەسىر يەتكۈزىدىغان بارلىق نەپسانىي شەھۋەتلەرنىڭ تەسىرىدىن قوغداش.

6-مۇباھ دۇنيا ئىشلىرىنى ئازايتىپ، پايدىسىز ئىشلارنى تاشلاش، راھەت –پاراغەتتىن سەل يىراقلاپ، ئاددىي –ساددىلىققا چېنىقىش، تامىقىنى غەربانە يېيىشكە، ياتقاندا غەربانە يېتىشقا، ئىسسىق يوتقان –كۆرپىسىنى تاشلاپ قاتتىق مەسجىدتە ئوخلاشقا ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ماقۇل كېلىدۇ.

7-مەسجىدتە ئولتۇرۇشقا كۆنۈش. ئىنسان دەسلەپتە مەسجىدتە ئۇزۇن ئولتۇرالماسلىقى مۇمكىن، كېيىن كۆنۈپ ئاللاھنىڭ بەيتىدە كۆڭلى ئارام تاپىدۇ، مەسجىدنى سۆيىدۇ، مەسجىدنى سۆيگەن كىشى قىيامەت كۈنى ئاللاھ سايىدىتىدىغان يەتتە كىشىنىڭ بىرى بولالايدۇ.

8- مەسجىدتە نامازنى كۈتۈپ ئولتۇرغان كىشى ناماز ئوقۇپ تۇرغاننىڭ ساۋابى يېتىدۇ، يەنە ئۇ كىشىگە پەرىشتىلەر ئىستىغفار ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دەيدۇ: ((سىلەرنىڭ بىرىڭلار تاھارىتىنى سۇندۇرىۋەتمەستىن ناماز ئوقۇغان جايىدا ئولتۇرىدىكەن، ئۇنى بالا-چاقىلىرىغا قايتىشتىن پەقەت نامازلا توسۇپ قالغان بولسا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: ئى ئاللاھ ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلغىن، ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغىن، دەپ دۇئايى-سالام يوللايدۇ)).

9-ئېتىكاپتا ئولتۇرغاندا جەمئىيىتىمىزدە كەڭ تارقالغان تاماكا چېكىش، ناخشا-مۇزىكا ئاڭلاش، تېلېۋىزور كۆرۈش، ئەقىدە ۋە ئەخلاققا زىت پاراڭلارنى سېلىش قاتارلىق ناچار ئادەتلەرنىڭ دىن ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق ھەقىقىي ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىلىدۇ. ئېتىكاپتا ئولتۇرغان كىشى تالاغا چىقىپ تاماكا تۇتاشتۇرمايدۇ، ئامراق ناخشىسىنى ئاڭلىمايدۇ، دېمەك ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش يامان ئادەتلەردىن قۇتۇلىدىغان، تەۋبە قىلىدىغان مۇھىم بىر پۇرسەت.

9-ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش سەۋرچانلىقنى يېتىلدۈرىدۇ، نەپسىنى تىزگىنلەيدۇ، كۈنگەن نۇرغۇن ھوزۇر-ھالاۋەتلىك ئىشلارنى كېچىكتۈرۈشنى ئۆگىتىدۇ.

10-ئېتىكاپتا ئولتۇرغاندا قۇرئاننى بىر قېتىم تۈگىتىپ ئوقۇۋالغىلى بولىدۇ، قۇرئان ئوقۇشنى بىلمەيدىغانلار ئۆگىنىۋالغىلى، ھېچ بولمىسا قۇرئاننىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى بولسىمۇ بىر قېتىم باشتىن-ئاخىرى ئوقۇپ چىقىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ.

11- ئېتىكاپتا ئولتۇرغاندا كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش پۇرسىتى قولدىن كەتمەيدۇ.

12- ئېتىكاپتا ئولتۇرغاندا بەش ۋاقىت نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ.

13- ئېتىكاپتا ئولتۇرغاندا تاراۋىھ نامىزىنى ئىمام بىلەن تولۇق ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: ((كىمكى تاكى ئىمام قايتقانغا قەدەر ئۇنىڭ بىلەن تاراۋىھ نامىزىنى بىللە ئوقۇسا ئۇنىڭغا پۈتۈن بىر كېچە تەھەججۇد ناماز ئوقۇغاننىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ))(ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان، شەيخ ئالبانىي سەھىھ دېگەن).

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ سۈننىتىنى ياشارتايلى!

ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشتىن ئىبارەت پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمدىن قالغان بۇ مۇھىم سۈننەت بىز ئۇيغۇرلاردا تاشلىنىپ قالغانلىقى ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىشلارنىڭ بىرىدۇر، شۇڭا بۇ ئىبادەتنى چوقۇم قايتىدىن ئېھيا قىلىپ چىقىپ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ سۈننىتىنى ياشارتىشىمىز، بۇ ئىبادەتتىن قولغا كېلىدىغان جانابى ئاللاھنىڭ ئىنئاملىرىدىن مەھرۇم قالماسلىقىمىز كېرەك.
تابىئىيلاردىن ئىمام زۇھرىي مۇنداق دېگەن: "كىشىلەرنىڭ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش سۈننىتىنى تاشلاپ قويغانلىقى ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىك ئىش، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم بەزى نەپلە ئىشلارنى بەزىدە قىلىپ بەزىدە قىلمايتتى، لېكىن ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر قەتئىي تاشلاپ باقمىغان".
بۇ سۆزنى ئېيتقان تابىئىيلار بۇگۈنكى ئەھۋالىمىزنى كۆرگەن بولسا نېمە دەر ئىدىكىن تاڭ؟
بىز تۆۋەندە بۇ پەزىلەتلىك ئىبادەتنىڭ ئەھكاملىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

## پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ئۇسۇلى

ئىمام ئىبنى قاييىم رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى (زادۇل مەئەد) تا مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنلىرىدە ئېتىكاپتا ئلوتۇراتتى، بىر قېتىم رامىزاندا ئولتۇرماي شەۋۋالدا ئولتۇردى، يەنە بىر قېتىم رامىزاننىڭ دەسلەپكى ئون كۈنىدە ئولتۇردى، ئاندىن ئوتتۇرىدىكى ئون كۈندە ئولتۇردى، ئاندىن ئاخىرقى ئون كۈندە قەدر كېچىسىنى كۆزلەپ ئولتۇردى، ئاخىرىدا قەدر كېچىسىنىڭ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئىكەنلىكى مەلۇم بولغاندىن كېيىن تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ داۋاملاشتى، ئۇ مەسجىدتە چېدىر تىكىشكە بۇيرۇپ چېدىردا خالىي ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلاتتى، ئېتىكاپقا كىرمەكچى بولسا بامداتنى ئوقۇپ بولۇپ باشلايتتى، ھەر يىلى ئون كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇراتتى، ۋاپات بولغان يىلى يىگىرمە كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرغان... ئېتىكاپتا ئولتۇرغاندا چېدىرىغا يالغۇز كىرىپ ئولتۇراتتى، ئېتىكاپتا ئولتۇرغاندا زۆرۈر ھاجەت بولمىسا ئۆيىگە كىرمەيتتى، ئېتىكاپتا ئولتۇرغاندا بەزى ئاياللىرى ئۇنى زىيارەت قىلاتتى، ئاياللىرىنى ئازگە تەككۈزمەي، سۆيمەي.. ئولتۇراتتى، ئېتىكاپتا ئولتۇرغاندا كارىۋات ۋە كۆرپىسىنى ئېتىكاپگاھىغا قويغۇزاتتى".

## روزا تۇتمىغان ئەھۋالدا ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشقا بولامدۇ؟

ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ئىبادىتى پەقەتلا روزا تۇتقان ئەھۋالدا ۋۇجۇتقا چىقىدۇ، ئاللاھ تائالا بەقەرە سۈرىسى 178-ئايەتتە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ((تاكى تاڭ يورۇغانغا قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار، ئاندىن كەچ كىرگىچە روزا تۇتۇڭلار، سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار)).
ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: ((روزىسىز ئېتىكاپ بولمايدۇ)). يەنە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ۋە ساھابە كىراملارمۇ روزا تۇتقان ھالەتتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان.
ئەلۋەتتە ئىنسان قەلبىنى ھەرتۈرلۈك ئىشلاردىن ئۈزۈپ ئاللاھ تائالاغا يۈزلەندۈرۈپ تەربىيلەش يېمەك-ئىچمەكلەردىنمۇ توختىغاندا قولغا كېلىدۇ، شۇڭا روزا تۇتقان ھالەتتە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ئەۋزەلدۇر.

يەنە بەزى ئالىملار ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ئۈچۈن روزا تۇتۇش شەرت ئەمەس، لېكىن روزا تۇتۇپ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ئەۋزەل، بۇلارنىڭ دەلىلى: سەھىھ مۇسلىمدا كېلىشىچە: ((پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم شەۋۋال ئېيىنىڭ ئالدىنقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان))، يەنە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش دېگەن روزا تۇتمايدىغان كېچە ۋاقىتلىرىدىمۇ ۋۇجۇتقا چىقىدىغان تۇرسا ئۇنىڭغا روزا تۇتۇشنى شەرت قىلىشقا بولمايدۇ.

بۇ قاراشقا ئاساسەن رامىزاندىن باشقا چاغلارا روزا تۇتماي ئېتىكاپتا ئولتۇرسا بولىدۇ.

لېكىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم شەۋۋال ئېيىدا ئېتىكاپتا ئولتۇرغاندا روزا تۇتقان ھالەتتە ئىدىمۇ ياكى تۇتمىغان ھالەتتە ئىدىمۇ بۇنىسى نامەلۇم. ئەمما روزا تۇتمىغان كۈنلەرنىڭ كېچىسىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرسا ئېتىكاپ ھېساب بولىدۇ، چۈنكى كېچىدە روزا تۇتۇلمايدۇ.

## ئۆيدە ئېتىكاپتا ئولتۇرسا بولامدۇ؟

ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ئۈچۈن مەسجىد بولىشى شەرتتۇر، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بەقەرە سۈرىسى 178-ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: (سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار). بۇ ئايەت ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ئۈچۈن مەسجىد شەرت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، جۈمە ئوقۇلىدىغان بولسۇن ياكى ئوقۇلمايدىغان مەسجىد بولسۇن مەسجىدلا بولسا ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مەسجىدتىن باشقا جايدا ئېتىكاپتا ئولتۇرمىغان.

بەزى ئالىملار جامائەت نامىزى ئوقۇلىدىغان مەسجىد بولىشىنى شەرت قىلغان، چۈنكى جامائەت ناماز ئوقۇلمايدىغان مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرسا يا جامائەتكە قاتناشماي ناماز ئوقۇشى كېرەك بولىدۇ، ياكى جامائوت نامىزىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرغان مەسجىدتىن باشقا جامائەت نامىزى ئوقۇلىدىغان مەسجىدكە چىقىشى كېرەك بولىدۇ، كۆپ قېتىم سىرتقا چىقىۋېرىشى ئېتىكاپنىڭ روھىغا زىت كېلىدۇ.

سەھىھەيندە كېلىشىچە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم پەيغەمبەرلىك كېلىش بىر ئاي ھىرا غارىدا ئىستىقامەت قىلىپ ئولتۇرغان ئىدى، كېيىن جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ۋەھىي ئېلىپ كېلىپ : ئوقۇ، دەپ بۇيرىغان.

ئۇ چاغلار تېخى ئىسلام كۆرسەتمىلىرى مۇئەييەنلەشمىگەن ۋاقىت ئىدى، كېينچە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مەدىنىگە بارغاندىن كېيىن مەسجىد بىنا قىلغان، قەدىر كېچىسىنىڭ پەزىلىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشقا باشلىغان، رامىزاننىڭ ئالدىنقى ئون كۈنىدە ئولتۇرۇپ كېيىن ئوتتۇرىقى ئون كۈنىدە ئولتۇرۇپ كېيىن قەدىر كېچىسىنىڭ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئاخىرقى ئون كۈندە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمگە ۋەھىي كەلگەندىن كېيىن مەدىنىگە بارغانغا قەدەر ئۆيدە ۋە ياكى خىلۋەت جايلاردا ئىستىقامەت قىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس، ئۈممىتىنى بۇيرىغانمۇ ئەمەس، ئۇنداق بولىدىكەن بەزى كىشىلەرنىڭ ۋەياكى بەزى سوپىلارنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمگە ۋەھىي كەلگەندىن كېيىنكى ئاخىرقى ئىشنى تاشلاپ قويۇپ ۋەھىي كېلىشتىن بۇرۇنقى ئىشقا ئېسىلىۋېلىپ خىلۋەت جايلاردا، مازارلاردا ئىستىقامەت قىلىپ ئولتۇرىشى، ياكى جامائەت نامازلىرىغا مەسجىدكە چىقماي ئۆيلەردە ئىستىقامەت قىلىپ ئولتۇرىشى سۈننەتكە خىلاپ ئىشتۇر.

ئەمما ئايال كىشىلەر بولسا مەككە ياكى مەككىدىن باشقا بارلىق ئورۇنلاردا ئېتىكاپ قىلسا، ئىستىقامەت قىلسا بولىدۇ، چۈنكى ئاياللارنىڭ جامائەت نامازغا قاتنىشىشى تەلەپ قىلىنمايدۇ،

ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇزدەلىفەدىكى سەبىر تېغىدا تۈركچە چېدىر تىكىپ ئىستىقامەت قىلغانلىقىنى ئىمام بۇخارى سەھىھدە رىۋايەت قىلغاندۇر.

## ئاياللار مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرامدۇ؟

بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىدا ئاياللار ئۆز ئۆيلىرىدىكى ناماز ئوقۇيدىغان جايلاردا يەنى ئۆيلىرىدىكى مەسجىد قىلىنغان جايلاردا ئولتۇرۇپ ئېتىكاپ قىلىدۇ، مەسجىدلەردە ئېتىكاپتا ئولتۇرسا ئېتىكاپ ھېساب بولسىمۇ مەكرۇھ بولىدۇ، چۈنكى سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ھەزرىتى ئائىشە قاتارلىق ئەزۋاجى مۇتەھھەرەلەرنىڭ مەسجىدكە قۇرغان چېدىرلىرىنى چۇۋۇتىۋەتكەن، ناۋادا ئاياللار مەسجىدلەردە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش مەكرۇھ بولمايدىغان بولسا ئاياللار ئېتىكاپقا كىرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئېتىكاپىنى بۇزىۋەتمىگەن بولاتتى.
ئاياللارنىڭ ناماز ئوقۇش ئەۋزەل بولغان جايى ئۆيى بولغاچقا ئاياللار ئۆيىدە ئادەتتە ناماز ئوقۇيدىغان جايدا ئېتىكاپتا ئولتۇرىدۇ، بۇ ئاياللارنىڭ مەسجىدى ھېسابلىنىدۇ، ئۇلار ئېتىكاپتا ئولتۇرغاندا بۇ يەردىن ئايرىلماي ئولتۇرىشى كېرەك بولىدۇ، ناۋادا ئۆيىدە ناماز ئوقۇيدىغان مۇئەييەن بىر جاي بولمىسا ئۆيىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرسا بولمايدۇ.
مەسجىدى ھەرەم قاتارلىق ئاياللارغا مەخسۇس ئورۇن تەييارلانغان مەسجىدلەردە ئاياللار ئېتىكاپتا ئولتۇرسا بولىدۇ، ئۇخلىماي بىرەر سائەت ئېتىكاپتا ئولتۇرماقچى بولسا يېتىپ ئۇخلاش بولمىغاچقا مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرسا بولاۋېرىدۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ ئاياللىرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ۋاپاتىدىن كېيىن ئېتىكاپتا ئولتۇرغان.
يەنە بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىدا ئاياللار مەسجىدلەردە ئېتىكاپتا ئولتۇرسا بولاۋېرىدۇ، بۇلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ ئاياللىرىمۇ ئۇنىڭدىن كېيىن مەسجىدلەردە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان، دەپ قارىغان.
بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ئېرى بار ئاياللار ئېرىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ ئاندىن ئېتىكاپتا ئولتۇرىشى كېرەك، ئېرى رۇخسەت قىلمىغان تەقدىردە ئېتىكاپتا ئولتۇرسا بولمايدۇ، ئولتۇرۇپ بولغان ئەھۋالدا ئېرى ئۇنىمىسا ئېتىكاپتىن چىقىپ كېتىشى كېرەك بولىدۇ.
ئەلۋەتتە ئاياللار مەسجىدلەردە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان ئەھۋالدا پەردە ياكى باشقا نەرسە بىلەن توساق پەيدا قىلىپ ئولتۇرىشى كېرەك بولىدۇ، چۈنكى مەسجىدلەرگە ئەرلەر كېلىدىغان بولغاچقا ئۇلارغا ئېتىكاپتا ئولتۇرغان ھالەتتە كۆرۈنمىگىنى تۈزۈك. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ ئاياللىرىمۇ مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغاندا چېدىر قۇرۇپ توساق پەيدا قىلىپ ئولتۇرغان.

## ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنىڭ مۇئەييەن مۇددىتى بارمۇ؟

كۆپچىلىك ئالىملار بىر كۈن ياكى بىرەر سائەت بولسىمۇ خالىغان مۇددەتتە ئېتىكاپتا ئولتۇرسا بولىدۇ، دەپ قارىغان.
يەنە بەزىلىرى ئون كۈندىن كەم بولسا بولمايدۇ، دەپ قارىغان، بۇلار: ((پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كەنلىرىدە ئېتىكاپتا ئولتۇراتتى)) دېگەن ھەدىسكە تايانغان بولسىمۇ، بۇ ئون كۈن ئولتۇرسا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپ ئولتۇرسا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. قۇرئان كەرىمدىمۇ ئېتىكاپنى مەلۇم مۇددەت بىلەن چەكلىمىگەن. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بەقەرە سۈرىسى 178-ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ((سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار)). بۇ ئايەتكە ئاساسەن بىرەر سائەت بولسىمۇ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشقا بولىدۇ، ئۇنى بىر كۈن ياكى بىر سوتكا ياكى ئون كۈن دەپ

چەكلىنىشقا بولمايدۇ. بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم رامىزاننىڭ ئوتتۇرىدىكى ئون كۈندە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان، كېيىن: ((كىم مەن بىلەن ئېتىكاپتا ئولتۇرغان بولسا ئاخىرقى ئون كۈندىمۇ ئېتىكاپتا ئولتۇرسۇن)) دەپ بۇيرىغان. يەنە سەھىھۇل بۇخارىدىكى بىر ھەدىستە كېلىشىچە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا ئون كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇراتتى، ۋاپات بولغان يىلى يىگىرمە كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرغان.

بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ شارائىتىغا بىرەر سائەت ياكى يېرىم كۈن ياكى ئىككى ناماز ئارىلىقى دېگەندەك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش مۇناسىپ كېلىدۇ، شۇڭا مەسجىدتىن چىقماي ئولتۇرۇش ئىمكانىيىتى بولغان مۇددەتتە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى نىيەت قىلىپ مەسجىدتە ئولتۇرغان ئەھۋالدا ئېتىكاپتا ئولتۇرغان بولىدۇ.

ئىمام ئىبنى ھەزم رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى (ئەلمۇھەللا) دا مۇنداق دەيدۇ: "ئاللاھ تائالانىڭ مەسجىدىدە ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن تۇرۇشنىڭ ھەممىسى ئېتىكاپتۇر، ئېتىكاپ دېگەن قىسقا مۇددەت بولسۇن، ئۇزۇن مۇددەت بولسۇن يۇقىرىقى مەقسەتتە مەسجىدتە تۇرسىلا ۋۇجۇتقا چىقىۋېرىدۇ، چۈنكى قۇرئان ياكى سۈننەت مانچە كۈن ياكى مۇنچىلىك ۋاقىت دەپ چەكلىمە قويمىغاندۇر، پىشقەدەملىرىمىزدىن سۇۋەيد ئىبنى غەفلە: "تاھارىتى بىلەن مەسجىتە ئولتۇرغان كىشى تاھارىتىنى سۇندۇرىۋەتمەيلا تۇرسا ئېتىكاپتا ئولتۇرغان بولىدۇ" دېگەن. يەئلا ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "مەن بەزىدە مەسجىدتە بىر سائەتلا ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ئۈچۈن تۇرىمەن".

ئەتا مۇنداق دېگەن: "ئۇ مەسجىدتە تۇرسىلا ئېتىكاپتا تۇرغان بولىدۇ، مەسجىدتە ساۋابلىق ئىزدەپ ئولتۇرسا ئېتىكاپتا ئولتۇرغان بولىدۇ، ساۋابلىق كۆزلىمىسە ئۇنداق بولمايدۇ".(ئەلمۇھەللا) دىن نەقىل تۈگىدى.

## ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش رامىزانغا خاسمۇ؟

بارلىق ئالىملارنىڭ قارىشىدا ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش رامىزان ئېيىغا خاس ئەمەس، بەلكى يىل بويى قايسى ئايدا ئېتىكاپتا ئولتۇرسا بولاۋېرىدۇ، يەنى ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش يىل بويى سۈننەتتۇر. ئىمام بۇخارى سەھىھىدە رىۋايەت قىلىشىچە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم شەۋۋال ئېيىدىمۇ ئېتىكاپتا ئولتۇرغان.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بەقەرە سۈرىسى 178-ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: (سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار). بۇ ئايەتمۇ بىرەر ئاينى مۇئەييەن قىلىپ بەلگىلىمىگەندۇر.

لېكىن رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش باشقا ۋاقىتلارغا قارىغاندا ئەۋزەل، چۈنكى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئادەتتىكى كېچىلەردە مىڭ ئاي ئىبادەت قىلغاندىن ئەۋزەل بولغان قەدىر كېچىسى باردۇر، شۇڭا بۇ كېچىنى ئېتىكاپتا ئولتۇرغان ھالەتتە ئۆتكۈزۈش ئەۋزەل، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان.

## رامىزاندا ئاخىرقى ئون كۈندە ئېتىكاپتا ئولتۇرماقچى بولسا قاچاندىن تارتىپ باشلايدۇ؟ قاچان ئېتىكاپتىن چىقىدۇ؟

شەكسىزكى، رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش باشقا چاغلاردا ئولتۇرغاندىن ئەۋزەلدۇر، رامىزاندا ئاخىرقى ئون كۈندە ئېتىكاپتا ئولتۇرماقچى بولسا يىگىرمىنچى كۈنى كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن مەسجىدكە كىرىپ ئېتىكاپنى باشلايدۇ. رامىزاننىڭ ئاخىرقى كۈنى كۈن

ئولتۇرغاندىن كېيىن ئېتىكاپتىن چىقىدۇ، بۇ كۆپچىلىكنىڭ كۈچلۈك قارىشىدۇر. بەزى ئالىملار يىگىرمە بىرىنچى كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن كىرىپ باشلايدۇ، دەپ قارايدۇ.

## ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش قاچان ۋاجىب بولىدۇ؟

مەلۇم مۇددەت ئېتىكاپتا ئولتۇرىمەن دەپ نەزىر قىلغان بولسا شۇنچىلىك مۇددەتتە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ۋاجىب بولىدۇ، شۇنداقلا ئۈچ ئۇلۇغ مەسجىدنىڭ بىرىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى نەزىر قىلغان بولسا شۇ مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ۋاجىب بولىدۇ. باشقا ئادەتتىكى مەسجىدلەرنىڭ بىرىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى نەزىر قىلغان بولسا قايسى بىر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرسا بولاۋېرىدۇ، چۈنكى ئۈچ مەسجىدنىڭ پەزىلىتى ئالاھىدە پەرقلىقتۇر.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دەيدۇ: ((كىمكى ئاللاھ تائالاغا تائەت قىلماقچى بولۇپ نەزىر قىلسا ئۇ تائەتنى قىلسۇن، ئاسىيلىق قىلىشقا نەزىر قىلغان بولسا ئاسىيلىق قىلمىسۇن)). يەنە بىر ھەدىستە: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمگە: مەن جاھىلىيەت ۋاقتىدا مەسجىدى ھەرەمدە بىر كېچە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشقا نەزىر قىلغان ئىدىم، دېگەندە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئۇنى: نەزرىڭدە تۇرغىن، دەپ بۇيرىغان.(سەھىھۇل بۇخارى).

## بىر ئاي ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى نەزىر قىلغان كىشى قانداق قىلىدۇ؟

مۇئەييەن بىر ئاينى بەلگىلەپ مەن پالانى ئايدا ئېتىكاپتا ئولتۇرىمەن، دەپ نەزىر قىلغان بولسا شۇ ئايدا ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشى ۋاجىب بولىدۇ، ئۇ ئايدا ئېتىكاپتا ئولتۇرالماي قالسا قازاسىنى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ، قازاسىنى كۈن ئۇلاپ بىر ئاي قىلسىمۇ ياكى بىرەر كۈندىن بىرەر كۈندىن ئايرىلاپ قىلسىمۇ بولىدۇ.

ئەگەر رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈندە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى نەزىر قىلىپ ئېتىكاپتا ئولتۇرالمىغان بولسا، كېيىن ئاينىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى مۆلچەرلىگەن بويىچە ئون كۈن چىقماي توققۇز كۈن چىقىپ قالسا قازاسىنى قىلغاندا توققۇز كۈن قىلىۋالسا بولىدۇ.

ئىككى كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى نەزىر قىلغان بولسا ئىككى كۈندۈز ئارىلىقىدىكى بىر كېچىدىمۇ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشى ۋاجىب بولىدۇ. بەزى ئالىملار ئىككى كېچە-كۈندۈز ئولتۇرىشى ۋاجىب دەپ قارايدۇ.

## ئېتىكاپنى بۇزىدىغان ئامىللار

1-جىنسىي مۇناسىۋەت، سۆيۈش ، قۇچاقلاشتەك ئۇنىڭ مۇقەددىمىلىرى ئېتىكاپنى بۇزىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا بەقەرە سۈرىسى 178-ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ((سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار)).

2-ئېتىكاپتا ئولتۇرغان مەسجىدتىن ئېھتىياج بولمىغان ئەھۋالدا سىرتقا چىقسا ئېتىكاپ بۇزۇلىدۇ. ئاياللارمۇ ئۆيىدىكى ناماز ئوقۇيدىغان جايدا ئېتىكاپ قىلغان بولسا ئېھتىياج بولمىسىمۇ ئۇ جايدىن چىقسا ئېتىكاپى بۇزۇلىدۇ. زۆرۈر ئېھتىياج بولسا سىرتقا چىقسا ئېتىكاپ بۇزۇلمايدۇ.

3- ھەيز ۋە نىفاس ھالىتى ئېتىكاپنى بۇزۇۋېتىدۇ. ھەيز كېلىپ قالسا مەسجىتتىن چىقىپ كېتىشى كېرەك بولىدۇ، چۈنكى ھەيزدار مەسجىدتە تۇرسا بولمايدۇ.

4-مەست قىلىدىغان ماددىلارنى ئىستىمال قىلىش ئېتىكاپنى بۇزۇۋېتىدۇ.

### ئېتىكاپتا ئولتۇرغاندا قايسى ئىشلار ئۈچۈن سىرتقا چىقىشقا بولىدۇ؟

تاھارەت سۇندۇرۇش ۋە ئېلىش، غۇسلى ۋاجىب بولغاندا غۇسلى قىلىش، يەنە تاماق يېيىش ۋە ئىچىملىك ئىچىش، تۇرغان مەسجىدتىن جۈمە ئوقۇلىدىغان جامەگە بېرىش، ئۆتەر يولدا كېسەلنى يوقلاپ ئۆتۈش، گۇۋاھلىق بېرىش، ئېغىرراق كېسەلدىن داۋالىنىش قاتارلىق ئىشلارغا چىقسا ئېتىكاپ بۇزۇلمايدۇ. ئومۇمەن سىرتقا چىقمىسا بولمايدىغان زۆرۈر ئىشلارغا سىرتقا چىقسا بولىدۇ.

### ئېتىكاپتا ئولتۇرغان كىشى ئۇنتۇپ قېلىپ ياكى مەجبۇرلىنىپ مەسجىدتىن چىقىپ كەتسە ئېتىكاپ بۇزۇلامدۇ؟

ئېتىكاپتا ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنۇتقان ھالەتتە مەسجىدتىن سىرتقا چىقىپ كەتسە ياكى مەسجىد باشقۇرغۇچىلار ياكى ساقچىلار تەرىپىدىن مەسجىدتىن قوغلاپ چىقىرىلسا ئېتىكاپى بۇزۇلمايدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: ((ئۈممىتىمدىن سەۋەنلىك، ئۇنتۇپ قېلىش ۋە مەجبۇرلانغان ئىشلارنىڭ گۇناھى كۆتۈرۈۋېتىلدى)).(ئىبنى ماجە).
بۇ خۇددى روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئاغزىغا مەجبۇرلاپ تۇرۇپ سۇ قۇيسا گېلىدىن ئۆتۈپ كەتسىمۇ روزىسى سۇنمىغانغا ئوخشاش.
ئېتىكاپى بۇزۇلمىغان بولغاچقا يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللاردا مەسجىدكە قايتىپ ئېتىكاپىنى داۋاملاشتۇرسا بولىدۇ.
لېكىن كېيىن قايتالايدىغان تۇرۇقلۇق مەسجىدكە قايتمىسا ئېتىكاپى توختىغان بولىدۇ.

### ئېتىكاپتا ئولتۇرغاندا تىجارەت قىلىشقا، ھۈنەر-كەسپ قىلىشقا بولامدۇ؟

ئېتىكاپتا ئولتۇرغان كىشى قورساق ئاچقاندا تاماق سېتىۋالغاندەك زۆرۈر ئەھۋاللاردىن باشقا ئەھۋالدا سودا-سېتىق قىلسا بولمايدۇ، تىجارەت، ئېلىم-سېتىم قاتارلىقلارنى قىلسا جائىز بولمايدۇ، ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: ((پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مەسجىدتە سودا-سېتىق قىلىشتىن توسقان)). ئېتىكاپتا ئولتۇرمىغان چاغدا مەسجىدتە سودا-سېتىق قىلىش چەكلەنگەن تەقدىردە ئېتىكاپتا ئولتۇرغاندا ئەلۋەتتە چەكلىنىدۇ.
بۇرۇنقىلىرىمىزدىن بىر زات مەسجىدتە بىر نەرسە سېتىۋاتقان بىر كىشىگە: "ئەي نادان! بۇ دېگەن ئاخىرەتنىڭ بازىرى، سودا-سېتىق قىلماقچى بولساڭ دۇنيانىڭ بازىرىغا چىقىپ قىل" دېگەن.
ھۈنەر-كەسپلەردىنمۇ پۇل تېپىش ئۈچۈن قىلغانلىرى چەكلىنىدۇ، چۈنكى بۇمۇ سودا-سېتىققا ئوخشاش پۇل تېپىش كۆزلىنىدىغان ئىش، مەسىلەن كىيىم تىكىش، موزدۇزلۇق قاتارلىقلار چەكلىنىدۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ كىيىمى ياكى ئايىغى يىرتىلىپ كەتكەن بولسا تىكىۋالسا، ياماۋالسا بولىدۇ.

### ئېتىكاپتا ئولتۇرغاندا ئوقۇيدىغان مۇئەييەن دۇئا-تىلاۋەت بارمۇ؟

ئېتىكاپتا ئولتۇرغاندا ئوقۇيدىغان مۇئەييەن دۇئا-تىلاۋەت يوق، بەلكى ئېتىكاپتا ئولتۇرغان كىشى ئومۇمەن دۇئايى –تەلەپ، زىكىر-تىلاۋەت، دىنىي تەلىم-تەربىيە، دىنىي ئىلىم مۇزاكىرە قىلىشى، نەفلە ناماز ۋە باشقا تائەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى، پايدىلىق كىتاب ئوقۇشى ياكى يېزىشى، شۇنداقلا قۇرئان ۋە دىنىي بىلىملەرنى ئوقۇشى ۋە ئوقۇتىشى، ئارتۇق پاراڭ سالماسلىقى، تالاش-تارتىش، جېدەل-ماجىرا، دۇنياۋىي گەپ-سۆزلەرنى قىلماسلىقى كېرەك، شۇنداقلا ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش جەريانىدا ھۈنەر-كەسپ ياكى تىجارەت بىلەن شۇغۇللانماسلىقى كېرەك.

مەسجىد پاكىزلىقىغا رىئايە قىلغان ھالدا مەسجىدتە تاماق يېسە، ئۇخلىسا، ياتسا، ئەتىر ئىشلەتسە، پاكىز چىرايلىق كىيىملەرنى كەيسە ئايالى قاتارلىق يوقلاپ كەلگەنلەرنى ئۇزۇتۇپ قويسا بولىدۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمگە ئەگەشكەن ھالدا مەسجىدتە پەردە توساق قىلىپ ئولتۇرسا ياخشى بولىدۇ.

## ئېتىكاپتا ئولتۇرمەن دەپ مەجبۇرىيەتلەرنى ۋە باشقىلارنىڭ ھەقلىرىنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ

ئېتىكاپ نەفلە ئىبادەت قاتارىغا كىرىدۇ، شۇڭا ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ۋاجىب ئىشلارنى قىلدۇرمايدىغان بولسا ئېتىكاپتا ئولتۇرماسلىق كېرەك. ئەگەر ئون كۈن تولۇق ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشقا ۋاقىت بولمىسا ياكى خىزمەتتىن رۇخسەت سورىغىلى بولمىسا بىر كۈن ھەتتا يېرىم كۈن ياكى بىر كېچە بولسىمۇ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ئارقىلىق بۇ ئىبادەتنى قىلىشقا تىرىشىش بەكمۇ پايدىلىق.

## ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ئۈچۈن خىزمىتىنى تاشلىيالمايدىغانلار خىزمەت ۋاقتىدا خىزمىتىگە چىقسا بولامدۇ؟

ئالىملار ھاجەتتىن سىرت مەسجىد تاشقىرىغا چىقىشنى ئېتىكاپنى بۇزىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى دەپ قارىغان، زۆرۈر ئىشلار ئۈچۈن چىقىشقا رۇخسەت قىلغان، ئەمما ئىش ۋە خىزمەتتە ئۈچۈن تاشقىرىغا چىقىش ئۈستىدە توختالمىغان، ئادەتتە كىشى ئېتىكاپتا ئولتۇرغاندا ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا تولۇق ۋاقتىنى چىقىرىشى كېرەك، تولۇق ۋاقتىنى چىقىرالمىغان ئەھۋالدا بىرەر سائەت ياكى بىرەر كۈنچە ياكى يېرىم كۈن ياكى ئىككى ناماز ئارىلىقى دېگەندەك قىسقا ۋاقىتلاردا مەسجىدتە ئولتۇرۇپ ئېتىكاپنى نىيەت قىلسا بولىدۇ، چۈنكى ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ئۈچۈن تولۇق ئون كۈن ئولتۇرۇش شەرت ئەمەس.

## ئېتىكاپتىن چىقىپ كەتكەن تەقدىردە قازاسىنى قىلىش كېرەك بولامدۇ؟

بىر كۈن ياكى ئون كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى نىيەت قىلغان بولسا ياكى نىيەت قىلىپ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى ئەمەلىي باشلىغان بولسا، كېيىن ئېتىكاپنى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى قىلالماي ياكى داۋاملاشتۇرالماي قالغان ئەھۋالدا كېيىنچە پۇرسەت بولسا قىلىۋالسا بولىدۇ، كېيىن قىلمىسىمۇ ھېچ گەپ بولمايدۇ، يەنى قازاسىنى قىلىش ۋاجىب بولمايدۇ، چۈنكى ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ۋاجىب ئەمەس، ھەتتا بىر مۇددەت ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن نىيەت قىلغان مۇددەتكە قەدەر داۋاملاشتۇرمىغان ئەھۋالدا بۇرۇنقى ئېتىكاپ ھېساب بولاۋېرىدۇ، كېيىن چالا قالغىنىغا مۇھتاج بولمايدۇ، ئىمام شافىئىي رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مۇنداق دېگەن: " قىلىشىڭ ۋاجىب بولمىغان ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىپ داۋاملاشتۇرمىساڭ، ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىشىڭ ۋاجىب بولمايدۇ، پەقەتلا نەفلە ھەج بىلەن ئۆمرىنى باشلاپ تاماملىمىغان تەقدىردە ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىشىڭ ۋاجىب بولىدۇ".

لېكىن نەزىر قىلغان ئېتىكاپ ئەسلىدە ۋاجىب بولغاچقا ئۇنى باشلاپ تاماملىماستىن توختاتقان تەقدىردە ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

## ئېتىكاپتا ئولتۇرغاندا تېلفون ئىشلەتسە بولامدۇ؟

ئېتىكاپتا ئولتۇرغان كىشى ئۆزىنىڭ زۆرۈر ئىشى ۋە باشقىلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن ۋە باشقا ياخشى ئىشلار ئۈچۈن باشقىلارغا تېلفون قىلسا بولىدۇ، بەلكى ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ، ئىشنى قىلىشىپ بېرىش ئۈچۈن مەسجىدتىن سىرتقا چىقسىمۇ بولىدۇ.

سەھەبىندە كىلىشچە پەيغەمبەر سەلالالاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئىتىكاپتا ئولتۇرغاندا ئايالى ھەزرىتى سەفىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىنىڭ قىشىغا يوقلاپ بېرىپ مەسجىد سىرتىدا پاراڭلاشقان، كېچە بولغاچقا رەسۇلۇللاھ ئايالىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ قايتقان. ئەگەر بىرەر زۆرۈر ئىش چىقىپ قالسا پاراڭلىشىش چەكلەنمىسە زۆرۈرەت تېپىلغاندا تېلېفوندا سۆزلىشىشمۇ چەكلەنمەيدۇ. لېكىن بۇ رۇخسەتنى ئىنتايىن زۆرۈر ئەھۋاللاردىلا ئىشلىتىش كېرەك، كەلگەنلا تېلېفونلارنى ئېلىپ سۆزلىشۋەرمەسلىك، بولسا تېلېفوننى تاقاپ قويۇش كېرەك.

## ئىتىكاپتا ئولتۇرغاندا مەسجىد تەرتۇپگە قانداق رىئايە قىلىش كېرەك؟

ئەلۋەتتە مەسجىد خانىقاھلىرىدا جامائەت بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇپ تۇرىدىغان بولغاچقا ئىتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار جامائەت ناماز ئوقۇيدىغان جايدا پەردە ــ ملەگزىلەرنى تارتىپ سەپلەرنىڭ تىزىلىشىغا، جامائەتنىڭ ئىمامنى كۆرىشىگە توسالغۇ بولىدىغان ئىشنى قىلماسلىقى كېرەك، ئەگەردە پەردە تارتقان تەقدىردە ناماز ۋاقىتلىرىدا پەردىلەرنى يىغۇشتۇرۇۋېتىشى كېرەك، پەيغەمبەر سەلالالاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئىتىكاپتا ئولتۇرغاندا بىر بورىنى ھوجرا شەكلىدە تىكلەپ قويغان، ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلىشىچە ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: ((پەيغەمبەر سەلالالاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ بىر بورىسى بولۇپ ئۇنى كېچىدە ھوجرا شەكلىدە تىكلەپ ئۇنىڭ ئىچىدە ناماز ئوقۇيتتى، كىشىلەر ئۇنىڭ نامىزىغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇشقا باشلىغان ئىدى، ئۇ بورىنى كۈندۈزدە يەرگە سېلىۋېتەتتى)).

ئىتىكاپتا ئولتۇرۇش جەريانىدا ئىتىكاپتا ئولتۇرغۇچى ئۆزى ئولتۇرغان جايغا باشقىلاردىن ھەقلىقراق بولىدۇ، ئۇ ئىتىكاپتا ئولتۇرغان جايغا باشقا ئىتىكاپتا ئولتۇرىدىغانلار ئىگەللىۋالسا بولمايدۇ، ئەمما ئىتىكاپتا ئولتۇرغاندا مەسجىد ئىچىدىن ئالاھىدە ئورۇن تەييارلاپ ئىبادەت ۋاقىتلىرىدا ئۇ يەرگە ھېچكىمنى كىرگۈزمەيدىغان، ئۆزىنىڭ ئۆيىدەك قىلىۋېلىشى توغرا بولمايدۇ، ئەگەردە ئىتىكاپتا ئولتۇرغاندا توسۇشقا ئېھتىياج كۆرۈلسە پەردە تارتىپ ناماز ۋاقىتلىرىدا ئۇنى ئېلىۋېتىشى كېرەك، نامازدىن كېيىن يەنە پەردە تارتىپ ئولتۇرسا بولىدۇ.

ناۋادا مەسجىد خانىقاھىسىدا جامائەت كۆپ بولماي بوش جايلار قالىدىغان بولسا جامائەتكە تاقاشمايدىغان يەردىكى پەردىسىنى ئېھتىياج بولمىغاچقا ئېلىۋەتمىسىمۇ بولىدۇ.

ئەمما جامائەت نامازغا سەپ تارتىپ تىزىلمايدىغان مەسجىدنىڭ ھويلىسى ۋە پىشايۋانلىرىدەك ئوچۇق جايلىرىدا بولسا خالىسا پەردە تارتىپ، خالىسا چېدىر تىكىپ ئىتىكاپتا ئولتۇرسا بولىدۇ، پەيغەمبەر سەلالالاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەممۇ سەھقى قەبلىسىنىڭ ئۆمكىنى مەسجىدكە ئورۇنلاشتۇرغان، ھەزرىتى سەئد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يارىلانغاندا يوقلاشقا ئاسان بولۇش ئۈچۈن مەسجىدكە چېدىر تىكىپ ياتقۇزغان.

## ئىلتىجا:

ئي ئاللاھ! بىزنى تائىتىڭگە مۇۋەپپەق قىلغىن، نېمەتلىرىڭگە چىرايلىق شۈكۈر قىلىشقا، ساڭا توغرا ئىبادەت قىلىشقا ياردەم قىلغىن! بىزگە تائىتىڭنىڭ لەززىتىن تېتىش، تائىتىڭ بىلەن ھوزۇرلىنىش ئىقتىدارى ئاتا قىلغىن، بىزنى پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد سەلالالاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمگە توغرا ئەگەشىدىغان، ئۇنىڭ سۈننىتىنى كىشىلەر تاشلىۋەتسە ئىھيا قىلىدىغان، دىللىرى ھىدايەت مەشئىلى بولىدىغان، بار بولسا تونۇلمايدىغان، يوق بولسا ئىزدەلمەيدىغان، ھەر پىتنە-بالالاردىن سالامەت چىقىدىغان ئىخلاسمەن بەندىلىرىڭدىن قىلغايسەن، بۇ دۇنيادا ھەقتە چىڭ تۇرۇپ ئاخىرقى نەپەسلىرىمىزگىچە ئىيمان، ئىسلام مەۋقەسىدىن تەۋرەنمەي تۇرۇشقا نېسىپ قىلغايسەن،

قىيامەتتە پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شەھىدلەر ۋە سالىھلەر بىلەن بىللە قىلغايسەن. ئامىن يا رەببەل ئالەمىين!!!!